# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65——0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋاكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئىيۇل
1
سەيشەنبە

ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:
كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 16 ℃ــ 27 ℃ بولىدۇ، ئۆچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر


## جياڭ زېمىن، لى پېڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شياڭگاڭ، 1-ئىيۇل تېلېگراممىسى. دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن سەھەردە شياڭگاڭ يىغىن-كۆرگەزمە مەركىزىدە شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان 40 نەچچە دۆلەت ۋە رايون، بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلات ۋە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە كولومبىيە زۇڭتۇڭى، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى ئېرنېستو سانپېل، پېرۇ مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى پاندولفى ئاۋۇرۇ، فرانسىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى مونورى، گېرمانىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كىنكېل، يېڭى زېلاندىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرى پېتېرس ۋە 30 نەچچە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بار.

خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئانان قاتارلىقلارمۇ بار.

كۆرۈشۈشكە قاتناشقانلار ئىچىدە يەنە مېكسىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ئېچېۋېرىيا، تانزانىيىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نېرېرى، پورتۇگالىيىنىڭ سابىق زۇڭلىسى سېلۋا، ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى خەيۇ جۇنشۇ، يۈيتيەنزى، سۇنشەن فۇشى قاتارلىقلار بار.

جياڭ زېمىن، لى پېڭ مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مېھمانلار شياڭگاڭنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جياڭ زېمىن، لى پېڭنى قىزغىن تەبرىكلىدى.


كۆرۈشۈشكە چيەن چىچېن، جاڭ ۋەننيەن، لوگەن، دوڭ جيەنخۇا قاتناشتى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغان كاتتا ئىش، دۇنيا تىنچلىقى، ھەققانىيەت ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى

# جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى شياڭگاڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## رەئىس جياڭ زېمىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى

### لى پېڭ زۇڭلى قاتارلىق جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرى ۋە ئەنگلىيىنىڭ شاھزادىسى چارلىز، باش ۋەزىرى بلايىر قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى



شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شياڭگاڭ ، 1- ئىيۇل سەھەر تېلېگراممىسى. 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت نۆلدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى شياڭگاڭدا چىقىرىلدى، 100 يىل ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

1997 - يىل 6- ئاينىڭ 30 - كۈنى يېرىم كېچىدىن 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى سەھەرگىچە شياڭگاڭ يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىدە چىراغلار چاقناپ تۇردى. پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى مۇشۇ مەركەزنىڭ 5- قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

سائەت ئىسترېلكىسى 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت نۆلنى كۆرسەتكەن چاغدا زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، نەچچە مىڭ جۈپ كۆز بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا ۋە سېرىس گۈلى شەكلى چۈشۈرۈلگەن رايون بايرىقىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. مانا قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

بۇ تەنتەنىلىك جاكارغا زالدىكى 4000 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمان ئۇزاقىچە ئالقىش ياڭراتتى.

جۇڭگو- ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى سائەت 23 تىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە رەسمىي باشلاندى.

جۇڭگو- ئەنگلىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرى زالغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ مىزگانچىلىرى ھۆرمەت كۈيىنى ئورۇندىدى. سائەت 23 تىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋەننيەن ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى مەمۇرىي ئەمەلدارى دوڭ جيەنخۇا يىغىن زالىغا كىرىپ، رەئىس سەھنىسىدىكى مۇراسىم سۇپىسىغا چىقتى. ئەنگلىيە تەرەپتىن شاھزادە چارلىز، باش ۋەزىر بلايىر، دىپلوماتىيە ۋەزىرى كوك، ۋەزىپىسىدىن قالغان شياڭگاڭ ۋالىيسى پېڭ دىڭكاڭ، سەنمۇجاڭ



دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان جۇڭگو- ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېرىم كېچىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەرگىچە شياڭگاڭ يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ 5 - قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتتە: ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن زال. شىنخۇا ئاگېنتلىقى

### رەئىس جياڭ زېمىن مۇنۇلارنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى

## شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتىدىكىلەر قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى

### پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى مەمۇرىي ئەمەلدارى دۇڭ جيەنخۇا قەسەم بەردى ۋە سۆز قىلدى


## لى پېڭ زۇڭلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شياڭگاڭ، 1 - ئىيۇل سەھەر تېلېگراممىسى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن سەھەردە بۇ يەردە پۈتۈن دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى مەمۇرىي ئەمەلدارى دۇڭ جيەنخۇا سەلتەنەتلىك مۇراسىمدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت توپ فاڭجېن شياڭگاڭدا رەسمىي يولغا قويۇلدى، 150 نەچچە يىل داۋام قىلغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كۆچۈرگەن شياڭگاڭ يېڭى تارىخىي ئەسىرگە قەدەم قويدى.

سەھەر سائەت بىردىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇش ۋە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى شياڭگاڭ يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ 7 - قەۋىتىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن بىر يېرىم سائەت ئىلگىرى مۇشۇ يېڭى

(ئاخىرى 6 - بەتتە)



7- ئاينىڭ 1- كۈنى سەھەردە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى مەمۇرىي ئەمەلدارى دۇڭ جيەنخۇا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى، لى پېڭ زۇڭلى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا نازارەتچىلىك قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى

نۆلنى كۆرسەتكەن چاغدا زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، نەچچە مىڭ جۈپ كۆز بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا ۋە سىرىس گۈلى شەكلى چۈشۈرۈلگەن رايون بايرىقىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. مانا بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن دەقىقە، دۇنيانىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغان دەقىقە ئىدى.

سائەت نۆلدىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۇ يەردە تەنتەنە بىلەن مۇنۇلارنى جاكارلىدى: جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشما باياناتىغا ئاساسەن، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى شياڭگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى جاكارلاندى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. 100 يىل ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىدا ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلانغانلىقىدىن، شياڭگاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېپيېڭى دەۋرگە قەدەم

رەئىس سەھنىسىدىكى مۇراسىم سۇپىسىغا چىقتى. ئەنگلىيە تەرەپتىن شاھزادە چارلىز، باش ۋەزىر بلايېر، دىپلوماتىيە ۋەزىرى كۇك، ۋەزىپىسىدىن قالغان شياڭگاڭ ۋالىيسى پېڭ دىڭكاڭ، سەنمۇجاڭ چارلىزگۇتېرىلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا يىغىن زالىغا كىردى ھەم رەئىس سەھنىسىنىڭ مۇراسىم سۇپىسىغا چىقتى.

ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مىلتىق كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە چارلىز سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ مۇھىم ھەم پەۋقۇلئاددە مۇراسىم شياڭگاڭنىڭ ئەنگلىيە 150 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سائەت 23 تىن 56 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو -ئەنگلىيە تەرەپنىڭ بايراق مۇھاپىزەتچىلىرى زالغا كىردى، جۇڭگو- ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ سىمۋولى بولغان بايراق چۈشۈرۈش، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى باشلاندى. مۇراسىمغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار ئورنىدىن تۇردى. زالدىكىلەرنىڭ نەزىرى رەئىس سەھنىسى مۇراسىم سۇپىسىنىڭ ئالدى تەرەپ شەرق ۋە غەرب ياقلىرىدىكى بايراق خادىسىغا تىكىلدى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

### شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن

# جياڭ زېمىن جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شياڭگاڭغا يېتىپ باردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شياڭگاڭ، 30-ئىيۇن تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شياڭگاڭغا كەلدى، ئۇلار شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

بۇ جۇڭگونىڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ شياڭگاڭ تۇپرىقىغا تۇنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىشى.

جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى چۈشكەن ئىككى مەخسۇس ئايروپىلان چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئۆپچۆرىسىدە شياڭگاڭ چىدې ئايرودرومىغا قوندى. سائەت بەشتىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە، رەئىس



جياڭ زېمىن 6- ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شياڭگاڭغا يېتىپ باردى.

سۈرەتتە: جياڭ زېمىن ئايرودرومدا قارشى ئېلىشقا چىققان كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

* * *

جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭلى لى پېڭ قاتارلىقلار ئايروپىلان شوتىسىدىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا چۈشۈپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان كىشىلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)


# قايتتى ۋەتەننىڭ قوينىغا گۆھەر زېمىن - شياڭگاڭ مانا،
# ئىپتىخار، تەنتەنىگە چۆمدى بۈيۈك جۇڭخۇا ئانا

## ۋىسال قەسىدىسى

ـ شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

**تۆمۈر داۋامەت**

شياڭگاڭ،
بۈنگۈدىن 100 يىل مۇقەددەم.
ۋەتەن ئاسمىنىنى زۇلمەت قاپلىغان،
ئەل روناق تاپالماي زار- زار قاقشىغان،
ئەلنىڭ تازا خاراب چاغلىرى.
پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ،
ھۆكۈمرانلار چىرىپ، تەمتىرەپ،
قولدىن كەتتى بىباھا گۆھەر.
يۇتتۇق ئاھانەت ئەلەمدە - زەھەر،
چۈشتى كۆكسۈڭگە خورلۇق داغلىرى.
قاراقچىلارنىڭ ئاتقان توپىدىن،
تاقىر چۆلگە ئايلاندى بىردىن،
گۆھەر زېمىنىنىڭ يېشىل تاغلىرى.
بولۇپ قالدى ھۇقۇشقا ماكان.
شېرىن مېۋىسى تىل ياردىغان،
ئاپېلسىن ۋە بانان باغلىرى.
ۋەتەن - ئانىنىڭ كۆزىدىن شۇئان،
ئاقتى ياش ئەمەس، بەلكى قىزىل قان.
ئاھ ، گۆھەر زېمىن،
مەسۇم كۆكسۈڭنى.
چەيلەپ ئۆتكەندە ياۋ ئاياغلىرى.
شياڭگاڭ،
قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيۇلغان،
ئاشۇ زۇلمەتلىك، مۇدھىش كېچىدە،
تولدى مۇڭ - زار، قان، ياش ئىس -دۈتقا،
ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسى.
بۆرە كۆزىدەك سوغ چاقناپ پال-پال،
تىلغىۋەتتى باغرىڭنى تال-تال،
بۇلاڭچىلارنىڭ قانلىق خەنجىرى.
ۋەتەن - ئانا تولغىنىپ كەتتى،
پىغان - نالىسى پەلەككە يەتتى.
زوراۋانلارنىڭ،
ھىجران چۆلدە قاڭغىر قاقشىغان.
ئانا پىراقىدا كۆيۈپ - ئۆرتىنىپ،
ئۇسساپ - چاڭقىغان.
ئانا چېھرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ،
بىر كۈن گويا يىلدەك تۇيۇلغان.
ئاھانەت، خورلۇق، زۇلۇم ۋە زورلۇق،
دەردمەن باغرىڭنى 100 يىل داغلىغان.
زارىققان ۋىسال
ھەم ئۈزۈلمەس چىن رىشتىڭ يولى
چۈشلىرىڭدە بولاتتى ئايان.
چۈشۈڭدىمۇ، ئوڭۇڭدىمۇ،
چىللايتتى سېنى
مېھرىبان ئانىنىڭ ئىللىق قۇچىقى.
چىللايتتى سېنى،
پاك كۆكسىدىن چىپ - چىپ تامچىغان
ھالال ئاق سۈتى.
چىللايتتى سېنى،
سېنى سېغىنغان
ئەزىز بېشىڭنى پەپىلەپ سىلاپ
ھېچ قانمايدىغان
مېھرى ئوت قولى.
شياڭگاڭ،
ئاخىر قايتتىڭسەن ۋەتەن قوينىغا،
قەددىڭنى كېرىپ
چوڭ قەدەم تاشلاپ.
گىرە سالغاندا
سېنى ئوت كۆز بىلەن زارىقىپ كۈتكەن
مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانا بوينىغا،
بولدى گويا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ،
ئېرىگەن سىماب.
ئەنە!
لىن زېشۈينىڭ كۆزلىرىدىن ياش
يۇيۇلدى تۆكەل،
ئاشۇ 100 يىللىق خورلۇق-ھاقارەت،
ئاشۇ 100 يىللىق دەشنام، ئاھانەت،
ھەقىقەت نۇرىدا كۆيۈپ لاۋۇلداپ!
بىراق، دىمىقىمغا ھېلىمۇ بەزەن
جانغا زامىن ئەپيۇننىڭ ھىدى
ئۇرۇلىدۇ گۇپۇلدەپ، تاراپ.
تەكرارلانمىسۇن قاباھەتلىك چۈش،
ئەي دوست - يارانلار بولايلى ھوشيار،
ئاشۇ ساۋاقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ!
شياڭگاڭ،
ئەمدى بەس!
ئۇ زامانلار كەلمەسكە كەتتى،
خەلقىم كۈتكەن ئارمانغا يەتتى،
ھېچكىم بىزنى قىلالماس بوزەك.
شەرقتە مەغرۇر قەد كۆتۈردۇق بىز،



شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىمىز! ئابدۇۋايىت سوپى فوتوسى

## كەلدى ئورتاق گۈللىنىشنىڭ پەسلى

**ئۆمەر ئىسمائىل**

تولدى شادلىققا بۈگۈن جۇڭخۇا ئانام،
يايرىغاچ چىن قەلبىدىن يۈكسەك ئاۋام.
سۈرسىمۇ ئانا خۇشاللىق پەيزىنى،
قالمىدى ئۇنتۇپ جۇدالىق دەردىنى.
بالىسىنى زومىگەر كەتكەچ بۇلاپ،
بىر ئەسىر دەرد ئىلكىدە ئۆتتى ئازاب.
ئار- نومۇستىن كەتتى دىللار ئۆرتىنىپ،
ئۆتتى كۈنلەر جەم بولالماي خۇرسىنىپ.
ئاتتى تاڭ، قوغلاندى زۇلمەت قۇشلىرى،
بولدى بەرىبات مۇستەبىتلەر چۈشلىرى.
قايناپ ئالماق ئۈچۈن گۈلزارىنى،
ياڭراپ ئوتلۇق خىتاب ئەشئارىنى،
چىقتى دېڭ شياۋپىڭ بۈيۈك ساھىبقىران،
پارلىغاچقا قەلبىدە يۈكسەك پىلان.
ئۆزگىچە يول تاپتى قايىل بولغىدەك،
خەلقىمىز تاغدەك ئىشەنچكە تولغىدەك.
ئاشۇ نۇرلۇق يول بىلەن ماڭدۇق راۋان،
كەلدى بىرلىككە نىيەت ھەم تىنچ - ئامان.
قايتتى شياڭگاڭ ھۆر ۋەتەننىڭ قوينىغا،
ئەركىلەپ سالدى گىرەلەر بوينىغا.
دېدى ئانا: «كەل ئېزىز، ئامراق بالام،
سېنى سۆيدۈم يۈرىكىم تاپتى ئارام...»
قان - قېرىنداشلار يېقىشتى باغرىنى،
چالدى غىجەك، چالدى ساتار، ناغرىنى.
ئاقتى گۈللەر دېڭىزى ئۆركەش ياساپ،
قىلدى بۇلبۇللار ناۋا تويماي قاراپ.
قوشۇلۇپ ئاققان كەبى دەريا - ئېقىن،
بولدى خەلقىم قان بىلەن گۆشتەك يېقىن.
قىلدى جەۋلان ئۇندا جۇڭخۇا بايرىقى،
چۆمدى نۇرغا باشقىچە يۇرت - ئايمىقى.
قاندى شياڭگاڭمۇ ئانىنىڭ مېھرىگە،
جىلۋە قىلدى زور خۇشاللىق چېھرىدە.
بىرلىشىشتىن ئۇرغىدى ئەل جۇرئىتى،
كەلدى ئورتاق گۈللىنىشنىڭ پەسلى.

## كەل، شياڭگاڭ قۇچاقلىشايلى

**ئاۋۇت نىياز**

ئېيتىپ ساڭا مەرھابا شياڭگاڭ،
تارىم، چاڭجياڭ ياسىدى قىيان.
بۈيۈك ئانا ۋەتەن قوينىدا،
ياڭرىماقتا شادلىق كۈيلىرى،
تەنتەنىگە چۆمدى پۈتۈن ئەل،
ئاچتى قۇچاق،
بۇ ئانا تۇپراق،
كۆز تىكمەكتە ساڭا يەر - جاھان.
ئېھ، شياڭگاڭ
سۆيۈملۈك زېمىن،
بىر ئائىلىدە قۇچاقلىشايلى،

## ئىككى غەزەل

**ئوبۇلھاشىم قاسىم**

1

ئۇلۇغ جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ گۈزەل بىر پارچىسى شياڭگاڭ،
جاھاندا داڭقى بار سودا - ساياھەت باغچىسى شياڭگاڭ.
جاھانگىرلار سېنى ئانا ۋەتەننىڭ قوينىدىن ئايرىپ،
قىلىشقان سېنى بۇلغاپ ئوغرىلىق بازىسى شياڭگاڭ.
ئۆتۈپ كەتتى مانا 100 يىل قۇچاقلاشماي ئانا - پەرزەنت،
كۆرۈشكەندە بۈگۈن شادلىق يېشى راس ئاققۇسى شياڭگاڭ.
گۈزەللىك تولغان جاي سەن چۆۋەر، مەردانە قىز، ئوغلۇڭ،
ئەبەد بولغىن ئانا يۇرتنىڭ كۆزىنىڭ قارچۇقى شياڭگاڭ.
يۈيۈپ خەلقىم نومۇس - ئارنى ساڭا قايتا ئىگە بولدى،
ئۇلۇغ مەنزىلىسىرى ئۆرلەپ تېز كامال تاپقۇسى شياڭگاڭ.

2

ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئىلىم ئاچتى ساڭا ئىللىق قۇچاق شياڭگاڭ،
تۇتۇپ قول بىز بىلەن خەلقىڭ تاپار ئەمدى روناق شياڭگاڭ.
ئۇلۇغ كومپارتىيەم، خەلقىم سېنىڭ تاغدەك يۆلەنچىگىدۇر،
باسالماس ئەمدى قوينۇڭغا جاھانگىرلار ئاياغ شياڭگاڭ.
يۇيۇپ تارىخىي داغلارنى جاھانغا ئۆز چىراي ئاچقىن،
بۈگۈندىن ئېتىبارەن يوق يولۇڭدا ھېچ توساق شياڭگاڭ.
شەرقنىڭ بىر گۈلىدۇرسەن تەرەققىيات ئۇلىدۇرسەن،
ۋەتەن،خەلقىڭگە مېھرىڭدىن،تاراتقىن خۇش پۇراق شياڭگاڭ.
تۈگىمەس كۈيلىرىم ئەسلا سېنى كۈيلەپ قوشاق قاتسام،
ساڭا بولغاچقا قەلبىمدە مۇھەببەت، ئىشتىياق شياڭگاڭ.

## تەنتەنە

ۋەتەن - ئانا تولغىنىپ كەتتى،
پىغان - نالىسى پەلەككە يەتتى.
زورۋانلارنىڭ،
مۇتەھەملەرنىڭ
قان تامچىغان قىلىچى بىلەن،
كېسىلگەندە يۈرەك پارىسى.
دېۋەيلىدى قاراقچى ئاپەت،
ياغدۇرۇپ ئەلگە سانسىز تالاپەت،
قىلدى كۈندە زورلۇق - زومبۇلۇق.
ئۈزۈلسۇن دەپ ۋەتەن - ئانىدىن،
رىشتىنىڭ تارىسى.
ئەمما سەن شىر سۈپەت تېز پۈكمەس ئوغلان.
چۈشسىمۇ بوينۇڭغا قۇللۇق زەنجىرى،
بېسىلسىمۇ ھەم ئۈستى - ئۈستىلەپ،
ھاقارەت، ئاھانەت، زۇلۇم تامغىسى.
ۋەتەن ئانىغا تەلپۈندۈڭ ھامان،
يىقىتالمىدى سېنى ھېچقان.
شياڭگاڭ،
سەن ئىدىڭ گويا
ئانا باغرىدىن ئايرىلغان بالا،

بېرىكەن سىماب.
ئەنە!
لىن زېشۈينىڭ كۆزلىرىدىن ياش
ئاقار تاراملاپ.
خورلۇق تامغىسى ئىز سېلىپ ئۆتكەن.
يۈرىكىدىكى ئەلەم - ھەسرىتى
چېھرىگە كۆچكەن
چوڭقۇر يول - يول قورۇقنى بويلاپ.
بىلىمەن، بۇ ھاياجان يېشى.
پاچاقلىنىپ ئاھانەت تېشى،
يەتتى شادلىقتىن ئاسمانغا بېشى،
چۈنكى ئۇنىڭ تېز پۈكمەس روھى،
كۆردى چەكسىز قايىللىق بىلەن،
يۈرەك پارىسى - دەردمەن ئوغلانىنىڭ،
ئانا باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ،
يىغلىغىنىنى ئۇزاق بۇقۇلداپ...
شياڭگاڭ،
ئاشۇ چاغلارنى، خورلۇق، داغلارنى
ئەسلەش ئادەمگە نەقەدەر ئازاب!
قارىغىن بۈگۈن،

خەلقىم كۈتكەن ئارمانغا يەتتى،
ھېچكىم بىزنى قىلالماس بوزەك.
شەرقتە مەغرۇر قەد كۆتۈردۇق بىز،
ھەيۋەتلىك تاغدەك.
پارلاق مەنزىلگە يۈرۈش قىلدۇق تېز،
گويا كىرىچتىن ئېتىلغان ئوقتەك.
كۈچ - قۇدرەت تاپتۇق،
ئىززەتمۇ تاپتۇق،
ئانا باغرىغا قايتقان ئوغلانغا،
زەر ياقىلىق تونىمۇ ياپتۇق.
100 يىللىق ئارزۇ
چاقنىدى چوغدەك.
ئاھ!...
بىر ئۇلۇغ زات
كۆرەلمەي شۇ كۈننى
كەتتى ئارماندا.
لېكىن ئۇ سىزغان كاتتا سخېما
باش شۇجىمىزنىڭ گىگانت قولىدا،
نۇرلانماقتا گۈزەل بوستاندا.
يېتىنىڭ خاتىرجەم
ئۇتلۇق باغرىڭىزنى يېقىپ دولقۇنغا،
كۆزىڭىزنى تىكىپ
گۆھەر زېمىنغا قادالغان تۇغنىڭ
مەغرۇر لەپىلدەشلىرىگە.
مەمنۇن بولۇپ كۈلسىز جەزمەن،
كۆرۈپ چاقنىغان ئۈمىدىڭىزنى،
ئانا باغرىغا قايتقان ئوغلاندا.
ئاۋازىڭىز بار ئاجايىپ ياڭراق،
ئاشۇ ئۇنتۇلماس قۇتلۇق كۈندىكى
شادلىق، تەنتەنە،
ئالقىش، چۇقاندا.
شياڭگاڭ،
تارقايدۇ ئەمدى
ۋەتەن باغرىدىن ئۇچقان شامالدا
ئاسمىنىڭنى قاپلىغان تۇتەك.
بەخت - سائادىتىڭ،
تەلەي - ئامىتىڭ،
ئارزۇ - ئارمىنىڭ،
جىلۋىلىنىپ ھەر گىياھ، تالدا
يۇلتۇزدەك چاراقلاپ ئاچىدۇ چېچەك.
شەرق گۆھىرى
جۇلالىنىپ كۆزنى چاقنىتىپ،
بارچە دىلنى مەھلىيا ئېتىپ،
گۈللەيدۇ نۇرلەپ
تېخىمۇ ئۇلۇغۋار مەنزىلنى كۆزلەپ،
ئاۋاتلىشىپ، تۇزدەك رەڭ تۈزەپ،
پۈتۈن دۇنياغا ئېچىپ كەڭ ئېتەك!
1997 - يىلى 5 - ئاي، بېيجىڭ

# تەنتەنە

**ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن**

يانار قەلبىم ھاياجاندا چېچىپ يالقۇن ھارارەتتىن،
ياغار ئالقىش بۈگۈن بىزگە جىمى ئىنسان - جامائەتتىن.
گۈزەل شياڭگاڭ تېپىپ ھۆرلۈك، قۇتۇلغاچقا ئاسارەتتىن،
ۋەتەن پاكلاندى مەڭگۈلۈك نومۇس - خورلۇق - ئاھانەتتىن.

بۈيۈك ئارزۇغا قاندۇق بىز، باھارنى مەرھابا قىلدۇق،
چېلىپ ناغرا، راۋاب ، تەمبۇر راسا قايناپ ناۋا قىلدۇق.
ۋەتەندە بارچە مىللەتلەر ئۇسسۇل ئويناپ ساما قىلدۇق،
جاھان ئالدىدا ھەقلىقمىز سۆيۈنسەك ئۇشبۇ پۇرسەتتىن.

قېرىنداشلار بولۇپ بىر تەن، يېڭى تۆھپە قاتار ئەمدى،
ئۇلۇغ خەلقىم ئۈمىدلىرى چېچەكلەپ گۈل ئاچار ئەمدى.
ۋەتەن باغرى، تولۇپ شانغا يەنە قۇدرەت تاپار ئەمدى،
پۈتۈن دۇنيا قالار ھەيران ئۆيۈشقان كۈچ - جاسارەتتىن.

ئۆتۈقنى تەنتەنە ئەيلەپ كېلىڭ يارەنلەر قايnايلى،
بۈيۈك ئىقبالنى مەدھىيلەپ راسا قانغىچە ياyرايلى.
جاھانغا ياڭرىتىپ ناخشا يېڭى ئاھاڭدا سايرايلى،
ھوزۇرلانسۇن پۈتۈن ئالەم بولۇپ مەپتۇن سائادەتتىن!

# قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا

**ئابلىز قۇربان**

قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا،
قۇچتى ئەلنى شادلىق، تەنتەنە.
قۇتلۇقلىدى پۈتكۈل يەر - جاھان،
دېڭىز - ئوكيان چايقالدى ئەنە.

قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا،
ئەڭ نۇرانە پەللىنى كۆزلەپ.
قۇچقۇسى ئۇ غەلىبە، شان، زەپەر،
بەيگە - جەڭدە كۈنسېرى ئۆرلەپ.

قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا،
قاندى دىلنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى.
ئاشىمىز تاغ - داۋاندىن بىللە،
دەۋرىمىزنىڭ بولۇپ كارۋىنى.

قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا،
شاد ياڭرىتىپ زەپەر سازىنى.
ئۇنىڭ ماڭار يوللىرى داغدام،
توسالمايدۇ توسقۇن ئالدىنى.

قايتتى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا،
ئاچتى ئاڭا ئىقبال كەڭ قۇچاق.
كەلدى ئاڭا بەخت، تەلەي قوش،
ئىستىقبالى مەڭگۈگە پارلاق.

# مەرھابا، گۆھەر زېمىن

**ئابلىمىت قۇربان ساباھى**

گۈللەنگەچ تېپىپ روناق ھەر جەھەتتە،
كۈنۈتۈن زەپەر قۇچۇپ گۈزەل شياڭگاڭ.
مەدھىيلەپ بۈگۈن سېنى، بەختىمىزنى،
ياڭرىتاي يۈرىكىمدىن غەزەل، شياڭگاڭ.

ۋەتەننى دېسەك بىر تۈپ مەزمۇت چىنار،
سەن ئۇنىڭ باراقسان بىر شېخى ئىدىڭ.
گەر دېسەك ۋەتەننى بىر ئالتۇن قامۇس،
سەن ئۇنىڭ بىر نۇرانە بېتى ئىدىڭ.

ۋە لېكىن قىلىپ تارىخ شەپقەتسىزلىك،
غولدىن سەن شاخنى يېرىپ قايرىۋەتتى.
قوزىنى ئايرىغاندەك ئانىسىدىن،
باغرىدىن ئەلنىڭ سېنى ئايرىۋەتتى.

ھىجراندا ئۆتتى 100 يىل، ۋەتەن ساڭا
ئانىلىق مېھرى بىلەن كەلدى كۈلۈپ.
شوخ بوۋاق تەلپۈنگەندەك ئانىسىغا
سەنمۇ ھەم كەلدىڭ ئاڭا كۆپ تەلمۈرۈپ...

ئېھ، بۈگۈن ئېچىپ تارىخ يېڭىدىن بەت،
يارالدى كەڭرى ئىمكان جەم بولۇشقا.
شادلاندى مىليونلاپ دىل قەھ-قەھ كۈلۈپ،
بۇ ئامەت، بۇ ئۇلۇغۋار بۇرۇلۇشقا.


مەرھابا، قايتقىنىڭغا گۆھەر زېمىن،
ئانىجان گۈزەل جۇڭخۇا قۇچىقىغا.
بىرلىكتە شاد ياشايلى، گۈللىنەيلى،
بوپ ئورتاق ئەلنىڭ زەپەر - ئۇتۇقىغا.

# ئەسسالام، شياڭگاڭ


**مۇھەممەتجان ئىسمائىل**

ئەسسالام، گۈزەل شياڭگاڭ، ئەسسالام ساڭا دىلدىن،
بۈگۈن سېنى قۇتلۇقلاپ، گۈل تىزدۇق تۈمەن خىلدىن.
قايتىپ كېلىپ سەن بۈگۈن ئاڭا ۋەتەن قوينىغا،
قەلبلەرنى چۆمدۈردۈڭ بەختىيارلىق نۇرىغا.
ئۇنتۇلماس بىراق ھېچكىم سەن تارتقان ئازابلارنى،
جاھالەت دۇچار قىلغان ھىجران ۋە پىراقلارنى.
ئېچىپ كەڭ قۇچاق ئەمدى قوشۇلدۇڭ ئانا يۇرتقا،
شادلاندى ئەزىز خەلقىڭ ئېرىشىپ بەخت - قۇتقا.
تەبرىكلەپ سېنى دىلدىن دەيمىز: مەرھابا شياڭگاڭ،
ۋەتەنچۇن قۇچۇپ شانلار چاچقىن نۇر. جۇلا شياڭگاڭ!

ئېھ، شياڭگاڭ
سۆيۈملۈك زېمىن،
بىر ئائىلىدە قۇچاقلىشايلى،
تومۇرلاردا
ئۇرغۇسۇن ساپ قان.
تەڭ ئىچەيلى ۋىسال شارابىنى.
ئانا ۋەتەن بوستانلىرىدا،
ئاڭلا زەپەر شادلىق كۈيىنى.
بارچە مىللەت قېرىنداشىمىز.
ئانىمىز جۇڭگو،
ئۆيۈلتاشتەك ئىتتىپاقمىز،
قىزىلبايراق ئاستىدا.
قول تۇتۇشۇپ ئالغا چامدىغان،
سەپەرداشمىز ھەم تەقدىرداشمىز.
كەل شياڭگاڭ قۇچاقلىشايلى،
گۈلدەك ئېچىلىپ،
ئايدەك كۈلۈپ كەل.
پەرۋاز قىلىپ،
ئانا باغرىغا،
نۇرغا تولۇپ كەل.



شياڭگاڭدىكى زامانىۋى يول
ئۆتكۈر نىجات فوتوسى



شياڭگاڭدىكى بىر كوچا
نىجات سابىت فوتوسى


# ھەممە جاي قۇتلۇقلىدى تەڭ شادلىنىپ، دىل سۆيۈندى غەلىبىدىن ئىلھاملىنىپ

— 31 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى (1)

## بېيجىڭنىڭ سوۋغىتى: جىڭتەيلەن لوڭقىسى

بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «ھەممىلەن تەڭ قۇتلۇقلايمىز» ناملىق ئىككى دانە جىڭتەيلەن لوڭقىسى ناھايىتى كۆركەم، سىپتا ياسالغان.

بۇ گۈللۈك لوڭقىدا بېيجىڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ يەرلىك گۈللىرى بولغان جۈيخۇا گۈلى، ئەتىرگۈل، سېرىس گۈلى ۋە ئامەت قۇشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، بېيجىڭ، شياڭگاڭ خەلقلىرىنىڭ «شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش، جەم بولۇشنى قۇتلۇقلاش» تەك ئورتاق ئارزۇسى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.




(لى جىشەن، شۇ ۋېنىلڭ)

## جېجياڭنىڭ سوۋغىتى: شەرق قۇياشى ياغاچ ئويمىسى


جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان چوڭ تىپتىكى شەرق قۇياشى ياغاچ ئويمىسىغا «قايتىش» مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، بۇ ئويما ئالىي دەرىجىلىك پالساندىر ياغىچى بىلەن شەرقىي شىمالنىڭ سۇپەتلىك لىپا ياغىچىدىن ئويۇلغان، ئويمىدىكى يەلكەن، بۇلۇت، چايكا قاتارلىقلار ئىنتايىن جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى. ئويمىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى رامكىسىغا ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىردىن ئاشمايدىغان، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر كېلىدىغان نەچچە مىڭ پارچە پالساندىر ياغىچىدىن رامكا چىقىرىلغان بولۇپ قالتىس نەپىس ئىشلەنگەن. بۇنىڭدا جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، غەلىبىداش ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.

(سەي ۋېنلياڭ)




## شاڭخەينىڭ سوۋغىتى: خرۇستال ئويما

شاڭخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «فۇجياڭ دەرياسى قۇتلاقلايدۇ» ناملىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ياسالغان قاچا شەكىللىك خرۇستال ئويمىغا پورەكلەپ ئېچىلغان شاڭخەي شەھەر گۈلى- بەيىۇلەن چۈشۈرۈلگەن، بۇ گۈل بەرگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان كۈمۈش رەڭلىك تىتان بىرىكمىسى دىسكىسى بار. دىسكا ئۈستىگە ۋەيتەندىكى بىنالار، نەنخۇ كۆۋرۈكى، ياڭفۇ كۆۋرۈكى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋە فۇجياڭنىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن. دىسكا ئاستىغا ئاق ياقۇتتىن 21 بەيىۇلەن گۈلى نەقىشلەنگەن. گۈللەر ئارىسىغا شاڭخەي رادىئو -تېلېۋىزىيە مۇنارىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئويمىدىكى تاموژنا بىناسى سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى ئۆلنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، بۇ 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىنىڭ سىمۋولى.



(چېن تولڭ خەۋىرى، گوتيەن جۇڭ فوتوسى)

## فۇجيەننىڭ سوۋغىتى: مەنزىرە رەسىم



«ۋۇيىنىڭ سەھىرى»، «نەرگىس - سېرىس گۈلى» دىن ئىبارەت ئىككى مەنزىرە رەسىمدىن تەشكىل قىلىنغان قوش يۈزلۈك مەنزىرىلىك سىر بوياق رەسىم.

«نەرگىس - سېرىس گۈلى» فۇجيەننىڭ نەرگىس گۈلى بىلەن شياڭگاڭنىڭ سېرىس گۈلىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى جاينىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋالغانلىقى، فۇجيەنلىك، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «ۋۇيىنىڭ باھارى»غا ۋۇيى تېغىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى گۈزەل مەنزىرىسى يىغىنچاق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ فۇجيەننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىدىكى جۇشقۇن، گۈللەپ ياشناۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(چېن يۇ خەۋىرى)




## ئىچكى موڭغۇلنىڭ سوۋغىتى: تاش ھەيكەل

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان تۇلپار» ناملىق سەنئەتلىك تاش ھەيكەلنىڭ گەۋدىسىگە شۇ جايدىن چىقىدىغان ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك گىلتاش ماتېرىيال قىلىنغان، تۇلپار سۈپىسى قارا ئاگالما تولىتتىن ئىشلەنگەن، تاش ئويمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇچقاندەك



## گۈيجۇنىڭ سوۋغىتى: شەمشاد ياغىچىدىن ئىشلەنگەن مەنزىرە رەسىم

گۈيجۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان چوڭ تىپتىكى رەڭلىك ياغاچ ئويما - «مياۋلىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ قىلدى تەنتەنە» ناملىق سوۋغاتتا دۇنياغا داڭلىق خۇاڭگو ئورمانزارلىقىدىكى چوڭ شارقىراتما ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا گۈيجۇدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا



## شىنجاڭنىڭ سوۋغىتى: گىلەم

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «تەڭرىتاغ شادلىقى» ناملىق ساپ يۇڭدىن توقۇلغان گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقى چۈشۈرۈلگەن؛ چۆرىسىدىكى گۈللەر ئەنئەنىۋى نۇسخىلار ئارقىلىق تۈتاشتۇرۇلغان 56 ئەتىرگۈلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە غەلىبىداش بولۇپ بىرلىكتە روناق تېپىۋاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى، پەرۋاز قىلىۋاتقان 12 تىنچلىق كەپتىرى گىلەم يۈزىدىكى كۆرۈنۈشكە ئىناقلىق، شادلىق كەيپىياتى قوشقان.

(چېن بىيلەي)




## جياڭشىنىڭ سوۋغىتى: فارفور تاختا رەسىم

جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان

ئىشلەنگەن، تاش ئويمىنىڭ ئاساسي گەۋدىسى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان تۇلپار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاق بۇلۇت ۋە ئوت - چۆپ قىستۇرما قىلىنغان.

(لىيۇ دېيۇ خەۋىرى، ماجەنبىن فوتوسى)




## خۇنەننىڭ سوۋغىتى: خۇنەن مەنزىرە رەسمى


خۇنەن ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تەقدىم قىلغان چوڭ تىپتىكى رەڭلىك مەنزىرە رەسىم - «دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ باهارى»، «سۇمۇرۇغقا تەلپۈنۈپ تۇرغان قۇشلار»نىڭ A يۈزىگە «سۇمرۇغقا تەلپۈنۈپ تۇرغان قۇشلار»، B يۈزىگە «دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ باهارى» مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن. كەشتە بۇيۇمى رامكىسىنىڭ ئىككى يۈزى ئىچىگە 97 سېرىس گۈلى نۇسخىسى، ئوتتۇرا قىسمىغا ئىككى ئەجدىهانىڭ مەرۋايىت ئويناۋاتقانلىقى چۈشۈرۈلگەن. كەشتە رامكىسىغا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن.

(لو شياۋ)





هەر مىللەت خەلقىنىڭ شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقى چۈشۈرۈلگەن.



(جاڭ جيەنمىڭ خەۋىرى، ۋاڭ جاڭچۈن فوتوسى)

## چىڭخەينىڭ سوۋغىتى: گىلەم

چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «چىڭخەي كۆلى قايتىشنى قۇتلۇقلىماقتا» ناملىق گىلەم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك مۇستەهكەم ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى، پايانسىز زۇمرەتتەك كۆل سۈيى چىڭخەيدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر مۇهەببىتىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.


(لى يافىڭ خەۋىرى، شى داگوەن فوتوسى)




## لياۋنىڭنىڭ سوۋغىتى: هەيكەل

لياۋنىڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان هەيكەل - «دۆلەت مەنزىرىسى»، پولات تاختىغا قاقلىما سىر بېرىشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ئۇچار ئەجدىهانىڭ ئاسمانغا يۇلقۇنۇپ تۇرۇشى شار شەكلى بىلەن چىقىرىلغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىردەك ئۇيۇشۇپ، گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلگۈسىگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقى نامايان قىلىنغان.

(لى ۋېي)






## ئەنخۇينىڭ سوۋغىتى: مەنزىرە رەسىم

مەنزىرە رەسىم «تەڭداشسىز گۈزەل مەنزىرە» ئەنخۇي ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان سوۋغات بولۇپ، ئۇنىڭدىن 12 تۈپ يېشىل قارىغاي 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقىگە سىمۋول قىلىنغان. ئالتە تاغ چوققىسى ئوراپ تۇرغان داڭلىق مەنزىرىلىك خۇاڭشەن تېغى قارىغىيى، رەسىم يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا چۈشۈرۈلگەن شىياڭگاڭنىڭ كۆرۈنۈشى، 60 مىليون ئەنخۇي خەلقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى تولۇپ تاشقان غەلىبە بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.


(بەي خيشىن خەۋىرى، لى دۇڭ فوتوسى)



## نىڭشيانىڭ سوۋغىتى: خىلەن تاش ئويمىسى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان خىلەن تاش ئويما بۇيۇمى «چوپان قايتتى»دا چوپاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى شىياڭگاڭنىڭ كالا يىلىدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى، ئاي بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى، ئارچا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يىل بويى گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى، شارقىراتما، ئېقىنلار ۋە بۇلۇتلار گۈللەپ ياشناشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

(لى مىڭجېن خەۋىرى ۋە فوتوسى)



## جياڭشىنىڭ سوۋغىتى: فارفور تاختا رەسىم

جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان چوڭ تىپتىكى فارفور تاختا رەسىم - «سېرىس مودەن قوينىغا قايتتى» نىڭ نۇسخىسىدا دۆلەت گۈلى مودەن بىلەن شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ گۈلى - سېرىس ئاساسىي گەۋدە، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ گۈلى كاككۇككۈل بىلەن جىڭدېجېن شەهرىنىڭ گۈلى قوشۇمچە قىلىنغان، قېنىق رەڭ بېرىلگەن، رەسىم يۈزى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، مەركىزىدىن ئىككى تەرىپىگە قارايدىغان بولسىڭىز «سېرىسنىڭ مودەن قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. فارفور تاختىنىڭ يۈزى قاپارتما شەكىل چىقىرىپ ياسالغان، فارفور تاختا ئىنتايىن سىپتا ئويما قىلىپ ئىشلەنگەن ياغاچ رامكا ئىچىگە ئېلىنغان.

(لياۋ گولياڭ)



## خەينەننىڭ سوۋغىتى: چوڭ تىپتىكى قۇلۇلە قېپى ئويمىسى

خەينەن ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا «پۈتۈن جاهان مۇشۇ پەيتتە» ناملىق چوڭ قۇلۇلە قېپى ئويمىسى تەقدىم قىلغان. بۇ قۇلۇلە قېپى ئېلىمىزنىڭ نەنشيا تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدىن چىقىدىغان



ئېسىل مەهسۇلات بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىگە 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ سوۋغات هەم خەينەن خەلقىنىڭ شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە بولغان خۇشاللىقىنى شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلارغا بولغان ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(لىيۇ ۋېنيى خەۋىرى ۋۇ جېنچۈن فوتوسى)


# ھەممە جاي قۇتلۇقلىدى، تەك شادلىنىپ، دىل سۆيۈندى غەلىبىدىن ئىلھاملىنىپ

## — 31 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى (2)


### تيەنجىننىڭ سوۋغىتى: گىلەم

تيەنجىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «تيەنجىن خۇاڭسۈيگۈەن سېپىلى» ناملىق گىلەم ناھايىتى رەڭدار بولۇپ، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن قاپارتما ئويمىلار ۋە ئاجايىپ نەپىس ھۈنەر - سەنئەت كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بۇ سەنئەت بۇيۇمىغا 9 مىليوندىن كۆپرەك خەيخى پەرزەنتىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى قۇتلۇقلاش ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن.

(يۈي شياۋيۈك)



### خېبېينىڭ سوۋغىتى: خرۇستال ئويما رەسىم



خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «ھەممە جاي تەك قۇتلۇقلىدى» ناملىق خرۇستال ئويما رەسىمنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يۇلقۇنۇپ تۇرغان غايەت زور ئىككى ئەجدىھانىڭ قوچىقىغا خرۇستال شار چۈشۈرۈلگەن، خرۇستال شار ئىچىگە سېرىق گۈلى ۋە شياڭگاڭ شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن، بۇ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككى ئەجدىھانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قەۋمەت-


### خېيلۇڭجياڭنىڭ سوۋغىتى: گۈللۈك لوڭقا



خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «سېرىق باھارنى تاپتى» ناملىق لوڭقا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياۋاياڭاق ياغىچىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ نەپىس ئىشلەنگەن، لوڭقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ياغاچ ئويما قۇلاق چىقىرىلغان، كۆكۈل قويۇپ ئويۇش ئارقىلىق سېرىق گۈلى ۋە يېشىل ياقۇت ھالقا كىرىشتۈرۈلگەن. لوڭقىنىڭ ئېغىزى ۋە چەپچىكىگە ھەل بېرىلىپ زىننەتلەنگەن. لوڭقىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتۇن بەلۋاغنىڭ سۇ شەكىللىك قاپارتمىسى خېيلۇڭجياڭنىڭ سىمۋولى. ئاستى ئۇستىگە «شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن بەلگە ئويۇلغان.

(ۋاڭ داۋېي)

### جياڭسۇنىڭ سوۋغىتى: چوك تىپتىكى جياڭسۇ كەشتىسى




### خۇبېينىڭ سوۋغىتى: مىس ھەيكەل



خۇبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «تۇرنا قايتىپ كەلدى» ناملىق مىس ھەيكەل رىۋايەتكە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 1.997 مېتىر، بۇ 1997 - يىلى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتتى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇرنا سۇپىسى ئاق ياقۇت ئويمىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، مەرمەر ۋە تۇرنا راۋىقى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خۇبېينىڭ مەرمەر، تۇرنا ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(جېك مىڭچاۋ)


### گۇاڭدۇڭنىڭ سوۋغىتى: قاشتېشى ئويمىسى




گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان «ئورتاقلىشىپ سەپەر» ناملىق قاشتېشىدىن ياسالغان ئەجدىھا شەكىللىك ئۈچ كېمىگە ئۆلكە باشلىقى لو رۈيخۇانىڭ: «گۈللىنىش، مۇقىملىق»، «دۆلەت تىنچ، خەلق ئامان» ۋە «ئورتاقلىشىپ سەپەر» دېگەن بېغىشلىمىلىرى ئويۇلغان، كېمە ئۈستىنى ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، سېرىق گۈلى ئوراپ تۇرىدۇ. 56 پانۇس ئېگىز ئېسىلغان بولۇپ، بۇ شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەتنىڭ كۆڭلى يايرىدى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(دىڭ خەيپىڭ)

### گۇاڭشىنىڭ سوۋغىتى: ياغاچ ئويما




### يۈننەننىڭ سوۋغىتى: مىستىن ئىشلەنگەن مىس توز لوڭقا



يۈننەن خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىم قىلغان سوۋغات - مىستىن ئىشلەنگەن توز چۈشۈرۈلگەن لوڭقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى جۈپ توز بولۇپ، ئىككى توزنىڭ قانات لىرى كېرىلىپ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، كاناي شەكىللىك لوڭقا گەۋدىسى ھاسىل قىلىنغان؛ مىس قۇش گەۋدىسىگە كۈمۈشتىن گۈل چېكىلگەن. ئاق، قارا رەڭ ناھايىتى ئېنىق جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، ئىككى توزنىڭ گەۋدىسى ۋە كۆكرەك قىسمى لوڭقا گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپى قىلىنغان، ئىككى توزنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، توز بويىنىغا سېرىق مىستىن ھالقا ئېسىلغان ھەم ساپ كۈمۈشتىن ئويۇش ئارقىلىق سېرىق گۈللۈك شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ رايون گېربى چۈشۈرۈلگەن.

(ۋېي تيەنشۇن)

### شىزاڭنىڭ سوۋغىتى: گىلەم



## پارتىيە ھەققىدە قوشاقلار

بۇ يىل باغدا ئۈنخشدى،
ئۈرۈك، ئالما، جىنەستە.
پارتىيىنىڭ سۆزىنى،
مەڭگۈ ساقلايمىز ئەستە.

شامال چىقسا ئايرىيمىز،
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
كومپارتىيە تونۇتتى
بىزگە ياخشى - يامانىنى.

تامغا ئاسقان گىلەمنىڭ،
چۆرىسىدە جىيەك بار.
بەختىمىزگە ئۇل - ئاساس،
پارتىيىدەك يۆلەك بار.

ئۆركەش ياساپ ئاقىدۇ،
تارىم، مۇزات، زەرەپشان.
بەخش ئەتتى پارتىيە،
ئەلگە قۇت ۋە شەرەپ - شان.

ئۇۋا سالدى تۇمۇچۇق،
ئىشىك ئالدى باراڭغا.
پارتىيىمىز يەتكۈزدى،
بىزنى بۇ ھۆر زامانغا.

زايا بولماي كۆكلىدى،
بۇ يىل تىككەن كۆچەتلەر.
پارتىيىگە تەلپۈنەر،
بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلەر.

ئىرىق - ئۆستەڭ قىشىغا،
كۆچەت تىكتۇق قاتارى.
بەختىمىزنى ياشناتتى،
پارتىيىنىڭ باھارى.

پىشتى راسا مەي باغلاپ،
بىغىمىزنىڭ ئۈرۈكى.
پارتىيىدىن سۆيۈندى،
خەلقىمىزنىڭ يۈرىكى.

بۇغدايلىقتا تېرىدۇق،
كىرىشتۈرۈپ قوناقنى.
پارتىيىنى مەدھىيىلەپ،
يازدۇق كۈندە قوشاقنى.

ھويلىمىزغا بېكىتتۇق،
دېھقانلارمۇ جۈمەكنى.
پارتىيىگە ئاتىدۇق،
سۇغا قانغان يۈرەكنى.

ئېگىز قارلىق تاغلارنىڭ،
ئاستى يېشىل يايلاقتۇر.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
بىزگە قىممىز - قايماقتۇر.

ئېسىپ قويدۇم قوزۇققا،
چېلىپ بولۇپ دۇتارنى.
بەخش ئەتتى پارتىيە،
بىزگە نۇرلۇق باھارنى.

قىزلار كىيگەن كۆڭلەكنىڭ ،
ئېتەكلىرى كەڭ بولدى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
ھەممە مىللەت تەڭ بولدى.

كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى،
ئاستۇق ئۆينىڭ تېمىغا.
ئېرىشتۈردى پارتىيە،
بىزنى بەخت تېگىگە.

دەريادىكى سۈزۈك سۇ،
دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ.
پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
بىزگە بەكمۇ ياقىدۇ.

تراكتوردا يۈتكىدۇق،
كەڭ يايلاقتا قويلارنى.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
شوخ ئوينايمىز تويلارنى.

قۇرۇتمايمىز كۆچەتنى،
سۇنى باشلاپ چۆنەككە.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
ئىلگىرىلەيمىز ئەبەدكە.

ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە،
قۇياش چىقىپ نۇر چاچار.
پارتىيىمىز ئىقبالغا،
باشلاپ بىزنى يول ئاچار.

تراكتوردا يەر ھەيدەپ،
ئاسان بولدى ئىشىمىز.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
قاتماس ھەرگىز بېشىمىز.

پىششىق خىشتا ئۆي سالدۇق،
يول بويىغا رەتمۇ رەت.
ئۇرغۇپ تۇرار يۈرەكتىن،
پارتىيىگە مۇھەببەت.

گۈل ئېچىلغان باغلاردا،
قۇشلار تىنماي سايرايدۇ.
پارتىيىمىز مېھرىدىن،
دىللار كۈلۈپ يايرايدۇ.

**ئابلىز قۇربان، ئىدرىس مەتسىيىت،**
**گۈلبوستان ئابدۇرېھىم** توپلىغان

## پارتىيە شەنگە

**ئىدرىس مەتسىيىت**

كەلمىسە ئىللىق باھار باغلاردا گۈل چاچماس پۇراق،
ياڭرىماس ھەم تۇشمۇتۇشتىن شادىمان ناخشا - قوشاق.

جۇپ قاناتى بولمىسا لاچىن قاقالماس كۆكتە پەر،
ئاقمىغاي دەريا - ئېقىن بولماي زىلال چەشمە - بۇلاق.

پارتىيەم بولغاچ قانات، ئۇچتى زامانىم شۇڭقىرى،

گۈللىنىپ ئەل - يۇرت مانا تارىخ يېڭى ئاچتى ۋاراق.

يول راۋان، مەنزىل گۈزەل، چىقتۇق سەپەرگە ئات سېلىپ،
پارتىيە ئەجرى بىلەن تاپماقتىمىز ھەممە روناق.

بىز شۇڭا دەيمىز ياشا، غالىپ، مۇقەددەس پارتىيەم،
چاقنىغىن ئەل بەختىگە مەڭگۈ بولۇپ نۇرلۇق چىراغ!

## ئەگىشىمىز ساڭا ئەبەدكە



خەيرخوش، مەھەللەم!

ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

## بىر ئەتە - بىر ئارزۇ

**مۇھەممەتجان سادىق**

ئەتە!
شۇنداق،
تۈگىمەيدىغان ئەتىلەر بۇ،
كېلىمىز ئەتىدىن ئەتىگە ئۆتۈپ.
بۈگۈننىڭ ئەتىسى...
ئەتىنىڭ ئەتىسى...
ئەلمىساقتىن
تۆكمىز تەر
ئۈمىدنىڭ تويىنى كۈتۈپ...
تۈگەمدۇ ئەتە؟
تۈگەمدۇ ئۈمىد؟
ئىنساننىڭ مىجەزى شۇمۇ:
بىر ئەتە - بىر ئارزۇ،
كۆڭلەر كۆڭلەرگە
ئۇلىنامدۇ شۇنداق؟!
كۆڭۈل ئۇ:
ئارمان بىلەن
توختىماي قايناۋاتقان
ئاھۇ كۆز بۇلاق!...
ئادەم
ياشنايدۇ ئۈمىد بىلەن
نۇرانە كۆزىدە:

توققۇزى تەل باغۇ ئېرەم.
ئۆتكەن ئەتىلەر
بىر- بىرىدىن شۇنچىلىك يېڭى.
كېچە چاقماقتىن قورققان ئىنسان
بۈگۈن چاقماق يۇرتىدا.
قانائەت غارىنىڭ زاھىدلىرىلا
كەتتى ئۆرتىنىپ.
رەھىمسىز سەپەرنىڭ
لاۋۇلدىغان ئوتىدا...
ئەتە
چۆكتۈرىمەن زېمىنغا دان!
چىقىرىمەن يەنە بىر سۇنئىي ھەمراھنى!
ياسايمەن قۇياش كىچىكمۇ!
ئەتە
جەننەتتە يايرايدۇ جان!
ماشىنا ئادەم
كىرىدۇ يانار تاغلار ئىچىگىمۇ!...
ئەتە ئەتىلەرگە ئەنە شۇنداق
كېتەر ئۇلىنىپ ،
ئادەم - ئارمان.
ئارزۇ - ئادەم.
ئەتىلەردە ئادەمنىڭ

كۆيۈۋاتقان يۈرىكى!
توختىما يۈرەك،
توختىما ئاياغ،
ئېچىلىدۇ ئاھ، قاچان
ئۈمىدلەرنىڭ ئاخىرقى پورىكى؟!
ياق،
ئەتىلەر تۈگىمەيدۇ!
ئارمانلار تۈگىمەيدۇ!
بۇ ئالەم ئادەمدىن باشلانغان!
ئادەمنىڭ تۇنجى قەدىمى
ھاۋانى ئىزدەپ
ياللۇنلۇق مۇھەببەت بىلەن،
ياللۇنلۇق ئۈمىد بىلەن
قىزغىن تاشلانغان!...
ئەتە تۈگىسە تۈگەيدۇ ئالەم!
ئۈمىد تۈگىسە تۈگەيدۇ ھايات!
تۈگىمەس ناخشا
ئادەم ۋە ئارمان!
كىرگەندىمۇ جەننەت ئىچىگە
ئادەم كۆزىدە
يەنىلا جەننەتتىن گۈزەل
بىر جاھان!...

